# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

2020 ـ يىل 5 ـ ئاي 4 دۈشەنبە 维吾尔文 5 月4日

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25051 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جاۋاب خېتىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش پائالىيىتى كەينى ـ كەينىدىن ئەۋجگە چىقتى

## بۇرچنى ئورتاق زىممىگە ئالىمىز ياشلىق باھارىمىز بىلەن رەڭدار گۈللەرنى ئېچىلدۇرىمىز

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ شىيا خەۋەر قىلىدۇ: «تېببىي پەندە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، كۆچلۈك كەسپىي ماھارەتنى يېتىلدۈرۈپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق باش شۇجىنىڭ جاۋاب خېتىنىڭ روھىنى ئەمەلىيىتىمدە كۆرسىتىپ، ياشلىق باھارىم بىلەن رەڭدار گۈللەرنى ئېچىلدۇرىمەن.» 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىلمىنۇر مەتقاسىم مەكتەپ ئورگان مىكروبلوگى «@چوڭ ئۆلىنىش» پائالىيىتىدە يۇقىرىقى سۆزلەرنى قالدۇردى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ بېيجىڭ داشۆنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىدىكى بارلىق «90 ـ يىللاردا تۇغۇلغان» پارتىيە ئەزالىرىغا جاۋاب خەت يېزىپ، كەڭ ياشلارنى «تىرىشىپ خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش داۋامىدا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىپ، جاپالىق كۈرەش قىلىش داۋامىدا ئىرادە ـ پەزىلەتلىرىنى تاۋلاپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا خىزمەت قابىلىيەتلىرىنى كۈچەيتىڭلار» دەپ ئىلھاملاندۇردى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر ياشلىرىغا ئىلھاملاندۇرۇش سۆزى يوللاپ مۇنداق تەكىتلىدى

# غايە ـ ئېتىقادنى چىڭىتىپ، خەلق مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، كۆچلۈك قابىلىيەتنى تاۋلاپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىغا ئاتلىنىش كېرەك

## پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىدى ۋە ئۇلارغا سەممىي سالام يوللىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** «4 ـ ماي» ياشلار بايرىمى يېتىپ كېلىش پەيتىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىدى ۋە ئۇلارغا سەممىي سالام يوللىدى!

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ياشلىق چېنىقىش ئارقىلىق جۇلالىنىدۇ، كىشىلىك ھايات كۈرەش قىلىش ئارقىلىق يۈكسىلىدۇ. تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت ياشلىرى پارتىيەنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىگە بەس ـ بەستە ئاتلىنىپ، خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، ئاتاكىدا ئالدىدا تۇرۇپ، چىن ھېسسىياتى بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاپ، زامانىمىزدىكى جۇڭگو ياشلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتچان روھىنى نامايان قىلىپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ يۈكسەك ئالقىشىغا ئېرىشتى. مەن سىلەردىن پەخىرلىنىمەن!

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ يىل ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش تاماملىنىدىغان يىل، شۇنداقلا «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى تارىخىي كېسىشىش يىلى. يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرى «4 ـ ماي» روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، غايە ـ ئېتىقادنى چىڭىتىپ، خەلق مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، كۆچلۈك قابىلىيەتنى تاۋلاپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىغا ئاتلىنىپ، باشتىن ـ ئاخىر جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان ئالغا ئىلگىرىلەش ھالىتىنى ساقلاپ، مىليونلىغان خەلق بىلەن بىرلىكتە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە قەيسەرلىك بىلەن ئىلگىرىلىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ھەممىدە پۈتكۈل جەمئىيەت ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، كەڭ ياشلارنىڭ تۆھپە قوشۇپ نەتىجە يارىتىشىنى قوللىشى كېرەك. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى پارتىيە يۈكلىگەن شەرەپلىك ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، كەڭ ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، يېڭى دەۋردە پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشى كېرەك.

# كۈرەش ئارقىلىق ياشلىق ناخشىسىنى پۈتۈش

### —— ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ياشلار گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇشقا پائال ئاتلاندى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

كۈرەشچان ياشلىق ئەڭ گۈزەل. قاراڭ، ئېتىز ـ ئېرىقلاردا، زاۋۇتلاردا، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىدا... تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلارنىڭ سىيماسى بار.

شايار ناھىيەسى دىلكەي كىيىم ـ كېچەك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مەسئۇلى زۇلخۇمار ياسىن بۇ يىل ئەمدىلا 26 ياشقا كىردى، ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ ئىگىلىك تىكلەپ، ئۈچ يىلدا بىر كىچىك ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، 35 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار، زاۋۇت ئۆيى كۆلىمى 1000 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان كىيىم ـ كېچەك شىركىتىگە ئايلاندۇردى، 20 نەچچە نامرات ئاھالىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

ئوخشاشلا 26 ياشلىق لى شۈەن ھازىر پوسكام ناھىيەسىنىڭ ئىككىسۇ يېزىسى جايتوغراق كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ئۇ كەنتنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى ياڭاق، چىلان كۆچىتى تىكىشكە، سەبدەرگۈل قاتارلىقلارنى تېرىشقا يېتەكلىدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن».

...

شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇساپىسىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ياشلار كۆتۈرەڭگۈ

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

سانجى ئوبلاستىدا:

## 17 مىليارد 660 مىليون يۈەن ئىناۋەت قەرز پۇلى يېشىل ئىقتىسادقا «مەدەت بەردى»

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **گې يوۋجۈن**، سانجى مۇخبىرلار پونكىتىدىن **لىيۇ چيەن** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ پەسىلدە، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ئىناۋەت بېرىلگەن كارخانىلارغا 17 مىليارد 660 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىش يېشىل يولى ئېچىپ، جەمئىي 9 مىليارد 320 مىليون يۈەن تارقاتتى.

4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، سانجى دۆلەت يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى باغچە رايونىغا جايلاشقان شىنجاڭ غەربىي رايون ئېكولوگىيەلىك چارۋىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ 5000 تۇياق سۈت كالىسى بېقىلىدىغان ئېكولوگىيەلىك باقمىچىلىق بازىسىدا، سۈت كالىلىرى ئىلمىي نىسبەت بويىچە تەڭشەلگەن قۇۋۋەتلىك ئەتىگەنلىك بوغۇز يەۋاتاتتى.

«شىركەتنىڭ ‹ئىستىراھەت سەيلە ـ تاماشا چارۋىچىلىق مەيدانى + سەيلە ـ تاماشا ئۆلگە كۆرسىتىش دېھقانچىلىق مەيدانى› سەھرا ئۇنىۋېرسال گەۋدىسى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى قوللاش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ سانجى ئوبلاستلىق شۆبە بانكىسى بىزنى 80 مىليون يۈەن ئىناۋەتلىك قەرز پۇل مەبلىغى بىلەن تەمىنلەپ، سۈتچىلىك كەسىپ زەنجىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## توردا، تور سىرتىدا تەڭ كۈچەلدى، ئىستېمالنىڭ تولۇقلىنىش ۋەزىيىتى كۈچەيدى

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، خىرىس ئىچىدىن پۇرسەت ئىزدەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **خېيى خۇڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: «بۇ تىپتىكى ئاپتوموبىلنىڭ ئارتۇقچىلىقى بوشلۇقى چوڭ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 360 گىرادۇسلۇق تولۇق كۆرۈنۈشلۈك كەينىگە قايتۇرۇش، يول باشلاش ئاپپاراتى سەپلەنگەن، ئاپتوموبىلنى كەينىگە قايتۇرۇش قولايلىق...». 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى سائەت 14تە، ئۈرۈمچى بولۇت ئاپتوموبىل كۆرگەزمىسى سۇپىسىنىڭ بىۋاستە كۆرسىتىش ئۆيىدە، ساتقۇچى خادىملار قىزغىنلىق بىلەن چۈشەندۈرۈۋاتاتتى.

5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 3 ـ كۈنىگىچە، ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇت ئاپتوموبىل كۆرگەزمىسىدە بىۋاستە كۆرسىتىش ئارقىلىق ئاپتوموبىل سېتىش ئەندىزىسى قوللىنىلدى، 17 ئاپتوموبىل تىجارەتچى كارخانىسى دوۋيىن، ئۈندىداردىن ئىبارەت ئىككى سۇپىدا تەڭ قەدەمدە بىۋاستە كۆرسىتىش قىلدى. بىۋاستە كۆرسىتىش سۇپىسى ئارقىلىق، كۆرگۈچىلەر 10 مىڭ يۈەنلىك ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش ئېتىبار بېلىتى ئالدى، ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىنغان قاتناش مەجبۇرىي سۇغۇرتىسى، زاۋۇت ۋە سېتىش كارخانىلىرىنىڭ ئېتىبار بېرىشى قاتارلىقلار قوشۇلسا، ئېتىبار ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 50 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

باشلامچى بولۇپ باشقىلارنى يېتەكلەش

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلار قول تۇتۇشۇپ، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىشكە تىرىشتى

«ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى ياخشى تۇتۇپ تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ما يىنىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شەنشى ئاپتوموبىل گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شىنجاڭ ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ ياساش بۆلۈمى چوڭ لىنىيە سېخىدا، بىر قىزىل رەڭلىك دېلوڭ X3000 سۆرەڭگۈچى ئاپتوموبىلى 30دىن ئارتۇق قۇراشتۇرۇش ئىش تەرتىپىدىن ئۆتۈپ ئوڭۇشلۇق ياسالدى، بۇ، بۇ شىركەت 4 ـ ئايدا ئىشلەپچىقارغان مىڭىنچى ئېغىر تىپلىق يۈك ئاپتوموبىلى بولۇپ، 2011 ـ يىلى زاۋۇت قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئايلىق ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش رېكورتىنى يەنە بىر قېتىم يېڭىلىدى. «نۆۋەتتە، بىز مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىنى 100% ئىشقا ئاشۇردۇق ھەم پولات ـ تۆمۈر، ترانسپورت تەمىنلەش زەنجىرىدىكى بىرلەمچى، ئىككىلەمچى كەسىپلەرگە تۈرتكە بولدۇق.» بۇ شىركەتنىڭ ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى جاڭ جيەنچياڭ مۇنداق دېدى: «بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەش غەيرىتى تولۇپ تاشتى، پۈتۈن يىللىق ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا ئىشەنچىمىز كامىل.»

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## شىنجاڭدىكى بىر تۈركۈم كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: ئىلغارلارنى تەقدىرلەش، ئىلغارلارنى تەشۋىق قىلىش، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى، ئىتتىپاق كادىرلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنى جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىش، يەنە ئەلا نەتىجىلەرنى يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى يېقىندا 505 يولداشقا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى» دەپ نام بېرىش، 357 يولداشقا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى كادىرى» دەپ نام بېرىش،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

«1 ـ ماي»دىكى ياخشى پەيتلەردىن ئورتاق بەھرىلىنىش



مودەنگۈلى ئېچىلدى ساياھەتچىلەر مەپتۇن بولدى

5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ساياھەتچىلەر سانجى شەھىرى مودەنگۈلى باغچىسىدا سەيلە قىلماقتا. «1 ـ ماي»لىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، سانجى شەھىرى مودەنگۈلى باغچىسىدا ھەر خىل رەڭدىكى مودەنگۈللەر بەس ـ بەستە ئېچىلىپ، ساياھەتچىلەرنى تاماشا قىلىشقا جەلپ قىلدى. □ خې لۇڭ فوتوسى

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى

## ئىللىق قەلب ئاپتوموبىل رېمونتخانىسىدا ھېكايىلەر كۆپ

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋېي خۇڭپىڭ

«ئاكامنىڭ ئادەتتە خىزمىتى ئالدىراش، ۋاقىت چىقارمىقى تەس. بۈگۈن ئۇ ئالايىتەن ماڭا ھەمراھ بولۇپ، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىشىپ بەردى، ئەمگەك جەريانىدا تەستە قولغا كەلگەن بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ جەم بولۇش شادلىقىدىن بەھرىمەن بولدۇق.» 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگۇ رايونى ۋېيخۇلياڭ تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى تىك قۇدۇق شىمالىي مەھەللىسىدىكى لىجىڭ ئىللىق قەلب ئاپتوموبىل رېمونتخانىسىدا، رېمونتخانا ئىگىسى ئەلقەم ئەنۋەر خې يافېينى كۆرسىتىپ تۇرۇپ كۈلۈمسىرىگىنىچە، «ئاكامۇ ئاپتوموبىلنى ياخشى كۆرىدۇ، ئىككىمىز بىللە ئاپتوموبىل رېمونت قىلساق، ئىشنى ناھايىتى تېز قىلىۋېتىمىز» دېدى.

28 ياشلىق ئەلقەم «ئاكام» دەپ يېقىملىق چاقىرىدىغان خې يافېي ۋېيخۇلياڭ تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى. 2018 ـ يىلى، خې يافېي تىك قۇدۇق شىمالىي مەھەللىسى

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)